# 3609 ـ تاكسى شوپۇرىنىڭ يولۇچىلارنى شەرىئەتتە چەكلەنگەن ناشايان ئىش-ھەرىكەتلەر سادىر بولىدىغان ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشى توغرىمۇ؟

### سۇئال

بىزنىڭ بىر قېرىندىشىمىز تاكسى شوپۇرى بولۇپ، ئۇ ئۆزى دۈچكەلگەن بەزى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بەزى يولۇچىلار يېرىم يولغا كەلگەندە ھاراق ساتىدىغان دۇكاننىڭ يېنىدا توختۇتۇشۇمنى تەلەپ قىلىپ، چۈشۈپ ھاراق ئېچىپ چىقىدۇ. بەزىلىرى كېچىلىك كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا ئاپىرىشىمنى تەلەپ قىلىدۇ، مىنىڭ بۇ شەكىلدە تاكسىچىلىق قىلىشىم توغرىمۇ؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بۇ سۇئال پەزىلەتلىك شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىيندىن سورالغىنىدا، شەيخ مۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەن: تاكسىغا چىققان يولۇچىلارنى ھاراق ئېچىدىغان ۋە كېچىلىك كۆڭۈل ئاچىدىغان ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ قويۇش قەتئى توغرا ئەمەس، بەلكى دىنىمىزدا بۇنداق ئىشلارغا ھەمكارلىشىش چەكلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار.

ھەممىدىن توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.

(دېمەك؛ بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا سۈكۈت قىلىش ۋە ھەمكارلىشىش، جەمئىيەتتە بۇزۇقچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا ھەسسە قوشۇش بولۇپ، مىللەتنىڭ نورمال ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەقلى جايىدا، ۋىجدانلىق بىر ئىنسان، پۇل-مالنى دەپ، دىنى، مىللىتى،ۋەتىنىگە ئاسىيلىق قىلىپ، مىللىتىنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇشىغا ھەرگىزمۇ يول قويالمايدۇ.ـ-مـ )